www·islamyoli·net

# ئىسمائىل ھەققى ئىزمىرلى

(1869 - 1946)

**ئىسمائىل ھەققى ئىزمىرلى** — ئوسمانىيلار ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يېتىشىپ چىققان ۋە جۇمھۇرىيەت دەۋرىدىمۇ كۆپلىگەن پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان مەشھۇر مۇتەپەككۇر ۋە ئالىمدۇر. ئۇ ئىزمىرلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسمىنىڭ ئارقىسىغا «ئىزمىرلى (يەنى ئىزمىرلىك)» دېگەن تەخەللۇسى قوشۇلۇپ قويۇلغان ۋە بۇ نام بىلەن تونۇلغاندى. ئۇ ھەم مەدرىس ۋە پەنني مەكتەپ تەربىيەسى كۆرگەن بولۇپ، كۆپلىگەن ئورۇنلاردا ئوقۇتقۇچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئوسمانىيلار ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە قۇرۇلغان «بىرلىك ۋە تەرەققىيات پارتىيىسى»گە ئەزا بولۇپ كىرگەن ۋە يەنە شۇ دەۋرلەردە قۇرۇلغان «مەجلىس پالاتاسى»*نىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى خەلققە تونۇتۇش ئۈچۈن بىر مۇنچىلىغان شەھەر - ۋىلايەتلەرنى ئايلىنىپ چىققان. ئۇنىڭدىن باشقا، «دارۇل ھېكمەتى ئىسلامىيە» جەمئىيىتىگە ئەزا بولغان ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئۇ يەنە بەدىئۇززامان سەئىد نۇرسى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە «يېشىل ئاي جەمئىيىتى»نى قۇرۇشقا قاتناشقاندى.

«مەجلىس پالاتاسى» — ئوسمانىيلار ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە پەيدا بولغان، پادىشاھ ياكى دۆلەت رەئىسىنىڭ باشچىلىقىدا، دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرى ھەققىدە قارار چىقىرىدىغان كېڭەش پالاتاسى. بۇ پالاتا (ئوسمانىيلار ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە) ئىككى قېتىم قۇرۇلغان بولۇپ، بىرىنچى قېتىم 1876 - يىلىدىن 1878 - يىلىغىچە، ئىككىنچى قېتىم 1908 - يىلىدىن 1918 - يىلىغىچە داۋاملاشقان.

ئىسمائىل ھەققى 1869 - يىلى ئىزمىردە تۇغۇلغان. دادىسىنىڭ ئىسمى ھەسەن ئەپەندى، ئانىسىنىڭ ئىسمى ھافىزە خانىم ئىدى. دادىسى ئۇ كىچىك چېغىدىلا ۋاپات بولغانىدى. ئۇ ۋە باشقا قېرىنداشلىرى ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولدى. ئىسمائىل ئەڭ دەسلەپ تاغىسىدىن دىنىي ئىلىم

ئۆگەندى ۋە قۇرئان يادلىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن مەدرىستە ئوقۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن پەننىي مەكتەپتە ئوقۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردى.

1891 - يىلى، نامازگاھ باشلانغۇچ مەكتىپىدە مۇئەللىم بولۇپ ئىشلەشكە باشلىغان ئىسمائىل ھەققى، كۆپ ئۆتمەي، ئىزمىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە پەخرىي ئوقۇتقۇچى سۈپىتى بىلەن دەرس ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ، ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىستانبۇلغا بېرىپ، ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن قۇرۇلغان «دارۇل مۇئەللىمىن ئالىي» مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇدى ۋە 1892 - يىلى، بۇ مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات پاكۇلتېتىنى پۈتتۈردى. بۇ ئارىدا، دىنىي دەرسلىرىنىمۇ تاشلاپ قويماي، ئىستانبۇل فاتىھ مۇدەررىسلىرىدىن ھاپىز ئەھمەد شاكىر ئەپەندىدىن تەلىم ئالدى. بۇ يەردىكى دەرسلىرىنىمۇ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۇستازىنىڭ رۇخستى بىلەن ئوقۇش پۈتتۈردى.

ئىسمائىل ھەققى ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئىستانبۇلدىكى كۆپلىگەن مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى، مۇدەررىس، ھەتتا مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇندىن باشقا، مائارىپ مىنىستىرلىكىگە قاراشلىق «تەپتىش ئەنجۈمەنى ۋە تۈزىتىش ھەيئىتى» دىمۇ خىزمەت قىلدى (1896). مىنىستىرلىك قارىمىقىدىكى بۇ كومىتېت يېزىلغان، تەرجىمە قىلىنغان ۋە نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئەسەرلەرنى تەكشۈرۈپ، نەشر قىلسا بولىدىغان ئەسەرلەرگە ئىجازەتنامە بېرەتتى.

مائارىپ مىنىستىرى زۆھدۈ پاشا (پاشا - گېنېرال) ئىسمائىل ھەققىنى بالىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئالاھىدە ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلىدى. ئۇ، «مۈلكىيە مەكتىبى»دە ئىسلام ئەقىدىلىرى، فىقھى ۋە ئەرەب تىلى دەرسلىرىنى ئۆتتى. ئاندىن، ئۆزى ئوقۇغان «دارۇل مۇئەللىمىن ئالىي»غا تارىخ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ تەيىنلەندى. ئۇندىن باشقا، ئاۋۋال «دارۇش شەپەق»، كېيىنچە «دارۇل مۇئەللىمىن ئالىي»دە مۇدىر بولۇپ ئىشلىدى. مەكتەپ دەرسلىكلىرىنى ئىسلاھ قىلىش مەقسىتىدە قۇرۇلغان «ئىسلامىي دەرسلىكلەر جەمئىيىتى»دە تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىدى.

ئىسمائىل ھەققى «دارۇل مۇئەللىمىن ئالىي»دا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان مەزگىللەردە، ئۆتكەن دەرسلىرى ۋە يازغان ئەسەرلىرى بىلەن باشقىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭغا ئىلمىي ساھەدىكى قابىلىيىتىگە يارىشا تېخىمۇ مۇھىم ۋەزىپىلەر تاپشۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلدى. 1914 - يىلى، مەدرىسەلەردە ئىسلاھات

ئېلىپ بېرىش مەقسىتىدە قۇرۇلغان «دارۇل خىلاپەتۇل ئالىي»نىڭ مۇپەتتىشلىكىگە سايلاندى. بىر يىلدىن كېيىن، «سۇلايمانىيە مەدرىسى»نىڭ «ئىلمى كالام بۆلۈمى»گە ئىسلام پەلسەپە تارىخى مۇدەررىسى بولۇپ تەيىنلەندى ۋە 1923 - يىلغىچە، بۇ يەردە مۇدەررىسلىك قىلدى.

ئۇ «بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتى»نىڭ ئەزاسى ئىدى. «مەجلىس پالاتاسى» ئىككىنچى قېتىم قۇرۇلغاندا، يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى خەلققە بىلدۈرۈش ئۈچۈن يۇرت ئارىلاشقا باشلىدى. قەيسەرى ۋە قونيە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، خەلققە «مەجلىس پالاتاسى»نىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تونۇشتۇردى. ئىستانبۇلدىكى «شاھزادە بېشى جامىئەسى» قۇرۇلغان ۋە مەدرىس تالىپلىرى ئۈچۈن لېكسىيە ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىدىغان «ئىلمىيە كۇلۇبى»غا قېتىلدى.

ئىسمائىل ھەققىنىڭ «دارۇل ھېكمەتى ئىسلامىيە»گە ئەزا بولۇشى ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلىنىشى، ئۇ تەيىنلەنگەن ۋەزىپىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچ مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كىتابى ئۈچۈن، «سۇلايمانىيە كۇتۇبخانىسى»نىڭ بىر ھۇجرىسى مەخسۇس ئۇنىڭ نامىغا ئاتاپ ئېچىپ بېرىلدى. «دارۇل ھېكمەتى ئىسلامىيە»دە ئىشلەش داۋامىدا نۇرغۇنلىغان ئىلمىي يىغىلىشلارغا قېتىلدى ۋە مۇھىم ئەسەرلەرنى يازدى.

ئىسمائىل ھەققى ئەنقەرەدە «شەرىئەت ئىشلىرى ۋە ۋەخپىلەر ۋاكالىتى» قارمىقىدا قۇرۇلغان «ئىسلامىي تەتقىقات ۋە يېزىقچىلىق ھەيئىتى»نىڭ ئەزاسى بولۇپ ئىشلىدى. مەلۇم ۋاقىت بۇ يەرنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە باشلىقى بولۇپمۇ خىزمەت قىلدى. جۇمھۇرىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە چىقىرىلغان «دەرسلىكلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» قانۇنىغا ئاساسەن مەدرىسلەر تاقىۋېتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «دارۇلفۇنۇن»لارنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلۇشى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئەنقەرەدىن ئىستانبۇلغا قايتىپ كېتىپ، ئىلاھىيەت (دىنىي) ۋە ئەدەبىيات پاكۇلتېتلىرىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. 1931 - يىلى، ئىلاھىيەت (دىنىي) پاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. 1934 - يىلى، پېنسىيە يېشى توشۇپ قالغان بولسىمۇ، مىنىستىرلىكنىڭ قارارى بىلەن خىزمىتى بىر يىل ئۇزارتىلىپ، 1935 - يىلى پېنسىيەگە چىقتى. پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىنمۇ، ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى. 1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، مەلۇم

زىيارەت بىلەن بارغان ئەنقەرەدە ۋاپات بولدى. جىنازىسى «ئەنقەرە جەبەجى مازارلىقى»غا قويۇلدى.

كۆپلىگەن مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى ۋە مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن ئىسمائىل ھەققى، ئىلمىي خىزمەتلەردىن سىرت، ھەرخىل جەمئىيەت ۋە تەشكىلاتلاردىمۇ نۇرغۇنلىغان خىزمەت ۋە پائالىيەتلەرگە قاتناشتى. ئابدۇللاھ جەۋدەت تەرجىمە قىلغان «ئىسلام تارىخى» ناملىق كىتاب ھەققىدە دوكلات تەييارلاش ئۈچۈن، مائارىپ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن تاللانغان ھەيئەتلەر قاتارىدا ئورۇن ئالدى. ئۇندىن باشقا، «كىتاب تەتقىقاتى»، «دىن ئىلىملىرى»، «ئەرەب تىلى» ۋە «ئەخلاق» ھەيئەتلىرى قاتارىدىمۇ ئورۇن ئالغاندى. «جەمئىيەتى سۇفىيە»دە خىزمەت قىلدى. جۇمھۇرىيەت دەۋرىدىمۇ كۆپلىگەن ۋەزىپىلەرنى ئۈز ئۈستىگە ئالدى. «تۈرك تارىخ كومىتېتى»نىڭ كاندىدات ئەزاسى ۋە پارىژدىكى «خەلقئارا ئىلمىي ئاكادېمىيىسى» تۈرك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى.

ئۇ «دارۇل ھېكمەتى ئىسلامىيە»دە بىر مەزگىل ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئىسمى «رىسالەئى نۇر»دا زىكىر قىلىنىدۇ ۋە بۇ يەردە ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي سۆھبەتلەردە نامى تىلغا ئېلىنىدۇ (ھايات تارىخى، 1994 - يىل، 109 - بەت).

ئەشرەف ئەدىپ، ئۇ ۋاقىتلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەسلىمىلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ: «بەدىئۇززامان (سەئىد نۇرسى)، ئاكىف (مۇھەممەد ئاكىف ئەرسوي)، نائىم، فەرىت ۋە ئىزمىرلى (ئىسمائىل ھەققى ئىزمىرلى) قاتارلىقلار بىلەن نەچچە سائەتلەپ قىزغىن سۆھبەتلىشەتتۇق» دېگەندىن كېيىن، بەدىئۇززامان (سەئىد نۇرسى) ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇستاز (سەئىد نۇرسى)، ئۆزىگە خاس شىۋىسى بىلەن ئىلمىي مەسىلىلەر ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزەتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى پاساھەت ۋە ھەيۋەت، تەبىئىي تالانتى بىزنىمۇ ھاياجانغا سالاتتى. ئەقلىي تالانتى ئەڭ ئاددىي مەسىلىلەردىمۇ ئۆز كۈچ - قۇدرىتىنى نامايەندە قىلاتتى. ئۇنىڭ ئەقلى — ھەردائىم مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىغان، پائالىيەتچان ئەقىل ئىدى. ئۇنىڭ بىردىنبىر يولباشچىسى، پىكىر ۋە ئىجتىھاد مەنبەسى ‹قۇرئان كەرىم› بولۇپ، باشقا كىتابلاردىن نەقىل كەلتۈرۈشكە ئۆزىنى بەك ئۇرۇپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ بارلىق ئەسەرلىرى ئەنە شۇ مەنبەدىن بىۋاستە ئالغان تەسىراتلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ ساھابىلەردەك تەقۋا، ھەزرىتى ئۆمەردەك كەسكىن، 20 - ئەسىردە خۇددى ‹سائادەت دەۋرى› (تۆت چوڭ خەلىپە

دەۋرى)دىكــدەك هايــات كەچۈرــدىغان مــۆئمىن ئــدى....» (هايــات تــارىخى 541 - بەت).

ئــسمائىل هــەققى باشــقىلارنىڭ: «ئوســمانىيلار دۆلتىنىــڭ ئــاخىرقى مەزگــىلى ۋە جۇمهۇرىيــەت دەۋرىنىــڭ دەسلەپــكى مەزگــىللىرىدە بىــر - بىرىــدىن پــەرقلىق يولــدا ماگــدى» دېــگەن تەنقىدلىرىــگە دۇچ كەلــدى. ئــۇنىڭ دەســلەپ « ئىلمىيــە» ۋە «ئــسلام دۆلتــى ئاساســلىرى» نــاملىق ماقالىلىرىــدا ئوتتــۇرىغا قويغــان پــىكىرلىرى بىلــەن، كېيىنچــە ماگغــان يولىنىــڭ بىــر - بىرىنــى تــۇتمىغانلىقى، هــەتتا تۈپــتىن زىــت ئىكــەنلىكى ئىلــگىرى سۈرۈلــگەنىدى. (ســادىق ئالبــايراق؛ ئــەڭ ئــاخىرقى ئــسلام ئاكادېمىيــسى - ‹دارۇل هېكمــەتى ئىسلامىيە›، ئىستانبۇل، 1998 - يىل. 187 - بەت)

تۈركىيــە جۇمهــۇرىيىتىنىڭ دەسلەپــكى مەزگــىللىرىدە، نامــاز ســۈرىلىرىنىڭ تۈركچــە ئوقۇلۇشــى هەققــدە مــۇنازىرە مەيــدانغا كەلــگەنىدى. ئــسمائىل هــەققى ئىزمىرلىمــۇ ئۆزىنىــڭ بــۇ هــەقتىكى كــۆز قارىــشىنى ئوتتــۇرىغا قويــدى ۋە ئەرەبچــە تەلەپــپۇز قىلالمىغانلارنىــڭ نامــاز ســۈرىلىرىنى تۈركچــە ئوقۇســا، فىقهــى جەهەتتىن جائىز ئىكەنلىكى هەققىدە دوكلات يازدى.

**ئەسەرلىرى**

ئــسمائىل هــەققى ئىزمىرلــى قــۇرئان ئىلىملــرى، هــەدىس، كــالام، فىقهــى، پەلــسەپە ۋە مــەنتىق ئىلىملــرى هەققــدە كۆپلــگەن ئەســەرلەرنى يېــزىپ قالــدۇردى. مەســلەن: «پــەيغەمبەر ئەلەيهىــسسالامنىڭ تــەرجىمىهالى»، «مــىڭ بىــر هــەدىس»، «قــۇرئان كــەرىم» (تۈركچــە تەرجىمــسى)، «ئــەخلاق ۋە تەســەۋۋۇپ»، «تەۋهــىد ئىلمــى هەققــدە مــۇلاهىزە»، «يېڭــى كــالام ئىلمــى» ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كىتابلىرى بار.

«مــەرام» نــاملىق هەپــتىلىك ژورنــال ۋە «ســرات ـــــ تەۋپــىق يولــى» نــاملىق ژورنالــدىن باشــقا بىــر قانچــە ژورنالــدا هــەرخىل ئەســەرلىرى ئــېلان قىلىنــدى. ئۇنــدىن باشــقا، «ئــسلام ئېنسىكلوپېدىيــسى»نىــڭ بىــر قانچــە ماددىــسىنى يازدى.